# «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز تەرەققىياتىدا جەزمەن ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم پرىنسىپ

(بېشى 1 - بەتتە)

ئومۇمىي يىغىن «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان بىلەن 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئويلىشىپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى»نى قاراپ چىقىپ ماقۇللاپ، دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىش تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

«14 - بەش يىل» مەزگىلى دۆلىتىمىز ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىققان، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىشتىكى بىرىنچى بەش يىل، دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىدۇ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى مۇھىتنىڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىشى بىر قاتار يېڭى پۇرسەت، يېڭى خىرىسلارنى ئېلىپ كەلدى. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، جەزمەن ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم پرىنسىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يەنى پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، سىستېما قارىشىدا چىڭ تۇرۇش. بۇ «بەش چىڭ تۇرۇش» پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئەمەلىي تەجرىبىسىنىڭ يۈكسىلىشى، پارتىيەمىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشى ھېسابلىنىدۇ. يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭى مۇساپىنى باشلاشتا، «بەش چىڭ تۇرۇش» مۇھىم پرىنسىپىغا ھەقىقىي ئەمەل قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇپ، توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىگەندىلا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا يېڭى نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە يېڭى قەدەم تاشلاش، جەمئىيەت مەدەنىيلىكى دەرىجىسىنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتىنى يېڭى سەۋىيەگە يەتكۈزۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم - ئىقتىدارىنى يېڭى يۈكسىلىشكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسلىق نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ كاپالىتى، بارلىق قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ - خەتەر ئۈستىدىن غالىب كېلىشتىكى «كۈچلۈك مۇقىملاشتۇرغۇچ»، پەقەت پارتىيەنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈلمە - مېخانىزمىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەندىلا، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تۈپ كاپالەت بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ. خەلقنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش پارتىيەمىزنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى، پەقەت خەلقنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئورتاق بېيىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات خەلق ئۈچۈن بولۇش، تەرەققىياتتا خەلققە تايىنىش، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلق ئورتاق بەھرىلىنىشنى باشتىن - ئاخىر ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادكارلىقىنى قوزغاپ، جەمئىيەت ئادىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرغاندىلا، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئۈزلۈكسىز ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات پىكىر يولى، تەرەققىيات يۆنىلىشى، تەرەققىيات كۈچەش نۇقتىسىنىڭ مەركەزلىك نامايەندىسى، پەقەت يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تەرەققىياتنىڭ پۈتكۈل جەريانى ۋە ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭدۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، تەرەققىيات شەكلىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىپ، سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولغاندىلا، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تېخىمۇ بىخەتەر تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى بەلگىلەيدىغان ئاچقۇچلۇق تەدبىر، پەقەت ئىسلاھاتنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىپ، ئېچىۋېتىشنى قەتئىي تەۋرەنمەي كېڭەيتىپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات، يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇشنى چەكلەيدىغان تۈزۈلمە - مېخانىزم توسالغۇلىرىنى تۈگىتىپ، بايلىق تەقسىملەش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغان، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا پايدىلىق بولغان مۇھىم، زور ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتكەندىلا، تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە ھاياتىي كۈچىنى سىجىل كۈچەيتكىلى بولىدۇ. سىستېما قارىشى ئۇل خاراكتېرگە ئىگە ئىدىيە ۋە خىزمەت ئۇسۇلى، پەقەت ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن تەپەككۇر قىلىش، پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك پىلانلاش، ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇش، بىر پۈتۈن گەۋدە بويىچە ئالغا سىلجىتىشنى كۈچەيتكەندىلا، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەققىيات، خەۋپسىزلىكتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىشنى ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەركەز، جايلار ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، كۈچەپ ئاساسنى مۇستەھكەملەپ، ئەۋزەللىكلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، ئېغىر، زور خەۋپ - خەتەر خىرىسلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۈگىتىشكە ئەھمىيەت بەرگەندىلا، تەرەققىياتنىڭ سۈپىتى، قۇرۇلمىسى، كۆلىمى، سۈرئىتى، ئۈنۈمى، بىخەتەرلىكىنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى كۆتۈرەڭگۈ روھقا ئىگە ھەيۋەتلىك كارتىنىنى نامايان قىلدى، بۇ، مۇقەررەر ھالدا پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بارلىق جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ ۋە رىغبەتلەندۈرىدۇ. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، يېڭى دەۋرنىڭ ئۇلۇغ مۇساپىسىدە «ئىككى چوڭ مۆجىزە»نىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقايلى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنى قەتئىي يولغا قويۇش كېرەك. ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىملەش، ئوبوروت، ئىستېمالنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا ئىچكى بازارغا تېخىمۇ كۆپ تايىنىپ، ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، دۆلەت ئىچىدىكى ئايلىنىش قانچە راۋان بولسا، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشقا شۇنچە پايدىلىق بولىدۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى ئەلالاشتۇرۇش ۋە مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرى ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئۈزۈلۈپ قالسا بولمايدۇ، بۇ، چوڭ دۆلەت ئىقتىسادىدا جەزمەن ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم ئالاھىدىلىك. ئارتۇقچىلىقنى كېڭەيتىپ، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ساھە ۋە تۈگۈنلەردە ئۆز ئالدىغا تىزگىنلىگىلى بولىدىغان، بىخەتەر، ئىشەنچلىك ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: شەھەرلەشتۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى شەھەر تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي نىشانى قىلىپ، ئادەم يادرو قىلىنغان شەھەر - بازارلاشتۇرۇشنى تېخىمۇ ياخشى ئالغا سىلجىتىپ، شەھەرنى تېخىمۇ ساغلام، تېخىمۇ بىخەتەر، ئولتۇراقلىشىشقا تېخىمۇ ماس كېلىدىغان قىلىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدا مەسىلە يۈزلىنىشى، نىشان يۈزلىنىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پەن - تېخنىكا سېلىنمىسى ۋە ھاسىلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئەلالاشتۇرۇپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىش كېرەك. ئادەم بىلەن تەبىئەت ھاياتلىق ئورتاق گەۋدىسىگە بولغان قانۇنىيەتلىك تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق بىللە ئۆتۈش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى پىلانلاش كېرەك. ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش جەھەتتىن ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسىنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدىكى ئورنىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

سىياسەتنىڭ پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى 5G خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنى توك بىلەن تەمىنلەشنى ئىلتىماس قىلىش تەرتىپى ۋە ئورۇنلىتىش رەسمىيىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، 5G ئاساسىي پونكىتىنىڭ ئېلېكتر كۈچى سىغىمىنى كېڭەيتىش ۋە بىۋاسىتە توك بىلەن تەمىنلەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىشنى ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتتى. ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى، خەۋەرلىشىشنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىمارەت خەۋەرلىشىش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ئۆلچىمى»نى تۈزۈپ چىقتى، ھەممە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى سىستېمىسى، خەۋەرلىشىش ساھەسىدە تەربىيەلەشنى ئەمەلىيلەشتۈردى. شىنجاڭ خەۋەرلىشىشنى باشقۇرۇش ئىدارىسى «شىنجاڭنىڭ 5G تورى خەۋەرلىشىش ئۇل ئەسلىھەلەر مەخسۇس يىرىك پىلانى(پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)»نى تۈزۈشكە تەشكىللەپ، تاماملاپ، ئالاقىدار ئورۇنلاردىن تۈزىتىش پىكرى ئېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە بىردەك 5G تورى قۇرۇلۇشى تەرەققىيات خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، 5G تورى قۇرۇلۇشى ئورتاق ئالغا سىلجىتىلدى.

ھەرقايسى خەۋەرلىشىش كارخانىلىرى 5G تورى قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، يىللىق قۇرۇلۇش پىلانىنى سۈپەتكە، سانىغا كاپالەتلىك قىلغان ھالدا تاماملاشقا تىرىشتى، ھەممە ئۇستىلمە مەبلەغنى پائال كۆپەيتتى، قۇرۇلۇش كۆلىمىنى كېڭەيتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىشى تەخمىنەن 817 مىليون يۈەن ئۇستىلمە مەبلەغ سېلىپ، 1300 ئاساسىي پونكىتنى كۆپەيتىپ قۇردى؛ شىنجاڭ تېلېگرافى تەخمىنەن 140 مىليون يۈەن ئۇستىلمە مەبلەغ سېلىپ، 500 ئاساسىي پونكىتنى كۆپەيتىپ قۇردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز سانائەت، قاتناش، مائارىپ، داۋالاش قاتارلىق 13 كەسىپ - ساھەدە 5Gنى ئەمەلىي قوللىنىش نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ئالغا سىلجىتتى. ھازىرغىچە، 30 تۈر 5G ئاقىل ئەمەلىي قوللىنىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەلىي قوللىنىش نۇقتىدا سىناق قىلىش قانات يايدۇرۇلغان تۈردىن سەككىزى بار بولۇپ، ئۈنۈم ئىقتىدارى دەسلەپكى قەدەمدە نامايان بولدى.

كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايون دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتتە، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئۇچۇر - خەۋەرلىشىش كەسپىنى يېتەكلەپ، 5G تورى يىرىك پىلانى قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، 5G تورىنىڭ قاپلاش دائىرىسى ۋە كەسىپتە ئەمەلىي قوللىنىلىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچ قوشىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىزچىللاشتۇرۇپ ھەم ئۇنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر سىڭىشى، كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تولۇق تونۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش كېرەك؛ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش يۈكسەكلىكىدە ياخشى تۇتۇش كېرەك؛ ئاپتونوم رايونىنىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ياخشى تۈزۈپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى تەرەققىياتنىڭ نىشانى، پىكىر يولى، تەدبىرلىرىنى ياخشى پىلانلاش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، دائىملاشقان كۆزىتىپ ئۆلچەش، سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كۈز، قىش پەسلىدىكى ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي ياخشى قوغداش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

جىددىي ئىشلارغا ياردەم بېرىش» قاتارلىق تىزىملىك شەكلىدىكى، بىرىكمە شەكلىدىكى مۇلازىمەت تەمىناتى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئۇچۇرلاشقان ئالاقە تورى تېخنىكىسى ئائىلە ۋە مەھەللە ياشانغانلار كۈتۈنۈش مۇلازىمىتىدە كەڭ قوللىنىلدى.

ياشانغانلار كۈتۈنۈش مۇلازىمەت ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. 2019 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز شەھەر - يېزىلاردىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئۆلچىمىنى ئۆستۈردى. يېزىلاردىكى مەركەزلىك بېقىلىدىغان ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ياشانغانلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئۆلچىمى ئېيىغا 700 يۈەن، يېزىلاردىكى تارقاق ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ياشانغانلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئۆلچىمى ئېيىغا 500 يۈەن بولۇپ، 2016 - يىلىدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 180 يۈەن، 157 يۈەن ئۆستۈرۈلدى؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەردىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ياشانغانلارنى بېقىش ئۆلچىمى ئېيىغا 800 يۈەن قىلىپ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، 2016 - يىلىدىكى مەركەزلىك بېقىش ئۆلچىمى ئېيىغا 660 يۈەن، تارقاق بېقىش ئۆلچىمى ئېيىغا 470 يۈەندىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 140 يۈەن، 330 يۈەن ئۆستۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، پەرۋىش قىلىش مەبلىغىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىپ، ھەر يىلى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، پەرۋىش قىلىش ياردەم پۇل مەبلىغىدىن 60 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ ئۆز ھاجىتىدىن چىقىش ئىقتىدارى ۋە مۇلازىمەت ئېھتىياجى بويىچە، ئۆز ھاجىتىدىن چىقىش، يېرىم ئۆز ھاجىتىدىن چىقىش، تولۇق پەرۋىش قىلىشنى ئايرىدى، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ياردەم پۇلنى ئايدا 100 يۈەن، ئايدا 300 يۈەن، ئايدا 500 يۈەندىن تۆۋەن قىلماي، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلار، بولۇپمۇ ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ياشانغانلارنى پەرۋىش قىلىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلدى.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز «بەشتە كاپالەتلىك» ياشانغانلارنى مەركەزلىك بېقىش ۋە يېتىم بالىلارنى مەركەزلىك يېغىپ بېقىش خىزمىتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، تور بېكىپ، ئالا قويماي رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، تۇرمۇشتا ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان ھەم مەركەزلىك بېقىلىش ئېھتىياجى بار ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ ئەھۋالىنى بىر - بىرلەپ ئېنىقلاپ، ھېسابات دەپتىرى تۇتۇپ، مەركەزلىك بېقىلىش ئېھتىياجىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزدا «بەشتە كاپالەتلىك» ياشانغانلارنى مەركەزلىك بېقىش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇ يىل يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى 22 ناھىيەدە يېزا بەخت چوڭ قورۇسى تۈرى قۇرۇلۇشىدىن 207سى تاماملىنىپ، تەنھا، قارىغۇچىسى يوق، ئۆيدە قالغان، يېشى چوڭىيىپ قالغان قاتارلىق قىيىنچىلىقى بار ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى.

---

### ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش مىللەت ۋە دىن كومىتېتىنىڭ مۇدىرى

# تۇرغان پىدا ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ

**ئۆز خەۋىرىمىز** ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش مىللەت ۋە دىن كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تۇرغان پىدا ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش گۇمانى بىلەن، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋېتىپتۇ.

### بورتالا ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى

# لى شىنگۇاڭ ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ

**ئۆز خەۋىرىمىز** ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى لى شىنگۇاڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش گۇمانى بىلەن، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋېتىپتۇ.